# ھىجران ناخشىسى

( 1982 ـ 1992 ـ ژىللار)

بۇ يورۇق ئالەمدە، ئىنسان قەلبىگە،
ھىجران دەردىدەك ئەپغان بولمىغان.
ئالتۇن تەخت ئۈستىدە تۇرۇپ بابۇرشاھ،
بىر قېتىم كۆڭلى شادمان بولمىغان.
يات ئەلنىڭ مۇلكى ھەم، مەلىكىسى ھەم،
تاھىرنىڭ كۆڭلىگە ئارام بولمىغان.
باغداتنىڭ مۇھتەشەم قەسرى ئەيۋانى
غېرىبنىڭ دەردىگە مەلھەم بولمىغان.
ۋەتەندىن ئايرىلىپ ئۆتكەن ئۆمرىگە،
ھېچ كىشى كۆڭلىدە رىزا بولمىغان.
دېمەككى، ئۆز ۋەتەن ھەممىدىن ئەلا
ۋەتەنسىز خۇش ئۆمۈر ئەسلا بولمىغان!



سابىت ئۇيغۇرى

# غۇلجا يولى *)

غۇلجا يولى، غۇلجا يولى، بۇ ئۇزۇن يوللار،
ئىلى بويلاپ ئارغامچىدەك سوزۇلۇپ ياتار.
سۈيدۈڭ، قورغاس، ياركەنت، چونجا، چىلەك، ئالمۇتا
بىلمەيمەن، يەنە قانچە مەنزىللەر قاتار...

غۇلجا يولى، غۇلجا يولى، بۇ قېدىم يوللار،
جىمجىت ياتقان سىرلىق دالا، تاغ، جىرا - غوللار...
سەلكىن شامال قۇلۇغىمغا پىچىرلاپ ئېيتتى:
- قارىغىنا، بۇ يوللاردا ئەجدات ئىزى بار!

كۆز ئالدىمغا كەلدى: چەكسىز بىر سامان يولى،
ئىپەك ئارتىپ ماڭغان تالاي كارۋان يولى،
بىر چاغلاردا قەشقەرىي ھەم ئۆتكەن بۇ يولدىن
سۇرگۇن بولۇپ ماڭغان سۇلتان ئەلاخان يولى!

يۈز ژىل بۇرۇن بوۋام ماڭغان ئىكەن بۇ يولدا،
ئەللىك ژىلنىڭ ئالدىدا مۇساپىر ئاتام.
ئەندى نوۋەت كېلىپ مەنمۇ كېتىپ بارىمەن
بۇ قىسمەتلەر قاچانغىچە قىلاركىن داۋام؟!

نېمە ئۈچۈن تۈگىمەس بۇ ئۇيغۇر قىسمىتى،
ياكى مىراس قالدۇرغانمۇ بىزگە كۆچۈشنى؟
مەن تىلەيمەن، ئەۋلادىمغا «كۆچ - كۆچ»نى ئەمەس،
ئۆز ئېلىدە ئەركىن - ئازات ياشاپ ئۆتۈشنى!

* ) 1981 - ژىلى 28 - دېكابر كۈنى غۇلجىدىن چىقىپ، ئالمۇتىغا كېلىۋېتىپ، يول ئۈستىدە ژۇقارقى مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى.

# قازاق ئېلىمگە سالام

سالام، تۇققان قازاق ئېلىم، سېنى مەن سېغىنىپ كەلدىم،
قولۇم كۈكسۈمدە ھۆرمەتتە، سالامىمنى بېرىپ كەلدىم.
مېنىڭ كىندىك قېنىم ئاققان ئانا يۇرتۇم - دىيارىم سەن،
شۇڭا ئىشقى ئوتىڭنى جانۇ - باغرىمغا تېگىپ كەلدىم!
سەبى چاغىمدا قوينۇڭدىن ئېلىپ كەتكەن ئىدى تەغدىر،
ئەللىك ژىل ئۆتۈپ يۇرتۇم، قوينۇڭغا يېنىپ كەلدىم.
تېنىم ئايرىلسىمۇ سەندىن، دىلىم ئايرىلمىدى ھېچۋاق،
ژىراق يۇرتلاردا ژۈرگەندە، سېنى مەن ياد ئېتىپ كەلدىم.
سېنىڭ بەختىڭگە كۈلدۈم مەن، سېنىڭ دەردىڭگە ئاھ ئۇردۇم،
تازا قەلبىمگە مېھرىڭدىن ھارارەت - ئوت سېلىپ كەلدىم!
ئۆزى كەپتۇ دېمەڭ دوستلار ۋەتەننىڭ ئەلچىسىدۇرمەن:
كۈرەشچان ئۇيغۇرستاننىڭ سالامىنى ئېلىپ كەلدىم.
كۈرەشچان ئۇيغۇرستاندا تۆكۈلدى قىپ - قىزىل قانلار،
تۆكۈلگەن ئاشۇ قانلارغا قىساس دەۋا قىلىپ كەلدىم!
شەرىقنىڭ ئەجدىھاسى كېپ، تىرىك ژۇتقاندا خەلقىمنى،
غەزەپتىن قانلىرىم قايناپ، ياناردىغدەك يېنىپ كەلدىم!
ئىلى، تارىم بويىدا «ئاھ!» ئۇرۇپ مەزلۇم ئېلىم قالدى،
شۇ ئەلنىڭ قايغۇسىنى جانۇ - باغرىمغا سېلىپ كەلدىم.
ۋەتەننى دەپ، ژىگىرمە ژىل قارا زىنداندا ياتتىم مەن،
ياۋغا باش ئەگمىدىم ھەرگىز، ئۇنى باش ئەگدۈرۈپ كەلدىم!
ۋەتەن ئىشقى چېلىشلاردا ماڭا سۇنماس قانات بەردى،
كۈرەش مەيدانىدا سانسىز ئۆلۈملەرنى يېڭىپ كەلدىم.
جاپا تارتساممۇ زىنداندا ئۆزەمنى بەختىيار دەرمەن،
جاپاكەش مىللىتىم بىرلەن تەقدىرداش بولۇپ كەلدىم.
قاراڭغۇ ئۇيغۇرستاننىڭ ئاتارغا تاڭلىرى باردۇر،
ئاشۇ تاڭلارنى تەبرىكلەپ غەزەللەر ياڭرىتىپ كەلدىم!

# قازاقىستان - ئۆز ئېلىم

## ( كىچىك داستان )

تەبىئىي، ھەر خەلقنىڭ ئۆز تىلى بار،
ئۆز يېرى، ئۆز ماكانى - ئۆز ئېلى بار.
ۋەتەنسىز يارالمىغان ھېچبىر خەلق،
دېمەككى، ھەر ئەلنىڭ ئۆز نېسىۋى بار!

ئۆزەم - ئۇيغۇر، ئېلىم مېنىڭ ئۇيغۇرستان،
ئۇيغۇرنىڭ قېنى ئاقار ژۇرىكىمدە.
تەغدىرنىڭ يازمىشى شۇنداق ئىكەن،
تۇغۇلدۇم، ئالىتاغنىڭ ئېتىكىدە!...

ئۇيغۇرلار تەڭرىتاغنى ماكان ئەتكەن،
جۇڭغار، تارىم ۋادىسىدا ياشاپ ئۆتكەن.
ئەجرىدە ئانا يۇرتنى گۈللەندۈرۈپ،
ئاجايىپ مەدەنىيەت ئىجات ئەتكەن!

بۇنىڭدىن مىڭ ژىل بۇرۇن ئەجداتلارنىڭ،
قېلىمى يەتتىسۇغا يەتكەن ئىدى.
تارىخنىڭ ئەگىر - توقاي يوللىرىدا،
بۇ ئەلگە نەچچە كېلىپ كەتكەن ئىدى...

خۇددى شۇنداق، قازاقىنىڭمۇ قاچقۇنلىرى،
ئۇيغۇرلار دىيارىدىن پانا تاپقان،
دېمەككى، ئۇيغۇر بىلەن قازاق ئېلى،
تىلى بىر، تەغدىرى بىر ئۇرۇق - تۇققان!

يادىمدا، يۈز ژىل بۇرۇن بوۋىلارنىڭ،
بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن ئىدى.
زالىمنىڭ زۇلۇمىغا چىدىماستىن،
تۇغۇلغان ئەلنى تاشلاپ كۆچكەن ئىدى.

بوۋىلار بويلاپ ئىلى ياقىسىنى،
يېتەكلەپ، سەبى بالا - چاقىسىنى،
مېڭىشتى گاھى ئاتلىق، گاھ پىيادە،
يوللاردا ئېيتىپ «كۆچ - كۆچ» ناخشىسىنى!

كۆچمەنلەر كۆچۈپ ماڭغان سوغاقلاردا،
پىيادە، گاھىدا ئات - ئۇلاقلاردا.
مۇزلىسا، ئۆتەڭلەردە گۇلخان يېقىپ،
ئۇسسىسا، سۇ ئىچىشكەن بۇلاقلاردا.

شۇ يوسۇن مېڭىپ تاغۇ - داۋان ئۆتكەن،
يەتتىسۇ بويلىرىغا كېلىپ يەتكەن.
جەرەنلەر ماكان قىلغان باياۋاندا،
يەر تېرىپ، شەھەر سېلىپ، ئاۋات ئەتكەن!

* * *

بوۋىلار كۆچۈپ ئاتمىش تولغان چاغدا،
نەۋرىلەر قىلدى غازات ھەرەمباغدا.
قۇللۇقنىڭ زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ،
قەھرىمان سەرۋازلىرى بولدى ھەغدا!

ئىنقىلاپ بورانلىرى گۈكرىگەندە،
ئەسكەرلەر ئالغا قاراپ ئىنتىلگەندە،
ئۇرۇمچى بوسۇغىدا جان تالىشىپ،
دۈشمەننىڭ تۇمشۇغى يەر تىرىگەندە.

ئۇرۇس كېلىپ گۇناينى تىلەۋالدى،
باسقۇنچى، باسقۇنچىنى يۆلەۋالدى.
«تېچلىق» ئەپسۇننى مىڭ بىر ئوقۇپ،
ئۇيغۇرنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەۋالدى.

مىڭ ئەپسۇس، ئىنقىلاپنىڭ ئوتى ئۆچتى،
قوللاردىن يالتىرلىغان قىلىچ چۈشتى.
تەغدىرنىڭ قىسمىتىگە نېمە چارە،
ئۇيغۇرۇم يۇرتنى تاشلاپ يەنە كۆچتى!

تەغدىرنىڭ قىسمەتلىرى چۈشۈپ باشقا،
ژۇرەكلەر قانغا تولدى، كۆزلەر ياشقا.
بىچارە كۆچمەن ئۇيغۇر نەگە بارسۇن،
قېرىنداش قازاق - قىرغىز ئەلدىن باشقا؟

ئۆز ئېلىگە سىغمىغان دەرتمەن ئۇيغۇر،
قېرىنداشلار دىيارىدىن پانا تاپتى.
قەرداشلىق مېھرىدىن قۇۋۋەت ئېلىپ،
ئېزىلگەن ژۇرەكلەرگە داۋا تاپتى!

كەلدۇق بىز، تالاي ئىشلار باشتىن كېچىپ،
قازىغىم قارشى ئالدى قۇچاق ئېچىپ.
بۇ ئەلنى ئانام - دېمەي قانداق چىداي،
تۇرغاندا ئۆز ئانىدەك مېھرىن چېچىپ؟!

بىر ئەسىر بولدى مانا، ئۇيغۇر ئېلى،
يەتتىسۇ بويلىرىدا ياشاپ كەلدۇق.
تەغدىرداش بولۇپ قازاق، قىرغىز بىلەن،
تارىخنىڭ ئېغىر ژۈكىنى تەڭ كۆتەردۇق.

قازاقىنىڭ ئامانگېلدى باتۇرلىرى
زۇلۇمغا قارشى ئىسيان كۆتەرگەندە.
ئۇيغۇرنىڭ ئانايەتتەك مەردانلىرى،
ئات سېلىپ كىرگەن ئىدى قانلىق جەڭگە!

پادىشا، لاشمانلىققا بالا ئالغاندا،
خەلقلەر ئىسيان قىلىپ قوزغالغاندا،

ئۇيغۇرنىڭ توخنىيازدەك باتۇرلىرى،
شېھىت بولغان قايقا دېگەن شۇ داۋاندا!

سوۋېتلەر سېپىدىدا ئۇيغۇرلارنىڭ،
مۇنبەردىن ئورۇن ئالغان يەرلىرى بار!
دۇتۇۋنىڭ كاللىسىنى مىجىۋەتكەن،
ماخمۇتتەك ئارسلان ژۇرەك ئەرلىرى بار!

ئۇيغۇرنىڭ تالاي باتۇر ئوغلانلىرى،
جەڭلەردە ئەل - يۇرت ئۈچۈن قېنىنى تۆككەن.
سۇلھىدەك، ياقۇپوۋتەك مەردانلىرى
قەھرىمان ئاتاق ئېلىپ جەڭدە ئۆتكەن!

ئېتىزدا ئەمگەك قىلىپ داڭ چىقارغان،
مەرىيەم، ئادالەتتەك قىزلىرى بار.
باتۇرلۇق، جاسارەتنىڭ نىشانىسى،
كۆكسىدە يالتىرلىغان يۇلتۇزى بار!

مەن ئەشۇ ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇردىن مەن،
قازاقستان دىيارىدا تۇغۇلدۇم مەن.
شۇ يەرگە ئاققان مېنىڭ كىندىك قېنىم،
شۇ ئەلگە مېھر قويۇپ چوڭ بولدۇم مەن.

خەلقىم بار، پەخىرلەنسەم ئەرزىيدىغان،
بېشىدا بەخت قۇشى ئەگىيدىغان.
مەرت ئوغلى، هۆر سۇپەتلىك قىزلىرى بار،
بىر قېتىم سۆيسەڭ ژۇرەك سەگىيدىغان.

شۇڭلاشقا، بۇ ۋەتەن ئۆز ئېلىم مېنىڭ،
دۇنياغا تەڭ قىلمىغان يېرىم مېنىڭ.
تۇپرىغى، تېشى ماڭا قەدىرلىكدۇر،
شاقىرىغان ساپ سۇلىرى قېنىم مېنىڭ!

سۆيۈملۈك ئېلىم مېنىڭ - قازاقستان،
بەختىگە خەلقىمىزنىڭ بولغىن ئامان.
ئالەمگە نۇرىنى چاچقان قۇياش ئوخشاش،
جاهاندا مەڭگۈ پارلاپ تۇرغىن هامان!

1982 - ژىل، ئاپرېل.

• • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • •

## ئۆزەمگە خىتاپ

هەي شائىر، ئانا يۇرتقا يېنىپ كەلدىڭ،
ژۇرەككە ئەل ئىشقىنى تېڭىپ كەلدىڭ.
بۇلۇتلارنى يېرىپ چىققان قۇياش ئوخشاش،
قاتمۇ - قات توسقۇنلارنى يېڭىپ كەلدىڭ!
قەپەزگە بەندە بولغان بىر قۇل ئىدىڭ،
ئازادە سايرالمىغان بۇلبۇل ئىدىڭ،
هە، ئەندى، گۈلشەن باغىنىڭ بۇلبۇلى سەن،
سايرىغىن، سايرىغىلى بارغۇ ئەركىڭ!
كۆڭۈلدىكى غەزىنەڭنى ئاچقىن ئەندى،
ئۈنچە - مارجان، دۇرلىرىڭنى چاچقىن ئەندى.
باهارنىڭ ئۇرغۇپ ئاققان تاشقىنىدەك،
سەل بولۇپ، قىيان بولۇپ تاشقىن ئەندى.
گۆزەلدۇر، كۆڭۈللۈكدۇر، بۇندا هايات،
كۈيلىگىن شۇ هاياتنى، قىلغىن ئىجات.
شېرىيەت كۆكىدىكى شۇڭقار بولۇپ،
ئەڭ بۈيۈك چوققىلارغا قاققىن قانات!
كۈرەشلەر قايىنىمىدا، قاينار كۈچ بول،
جاهالەت - خۇراپەتكە مەڭگۈ ئۆچ بول.
هەق سۆزلە، هەقىقەتنى يازغىن هامان،
خۇشامەت، رەزىللىككە ئوت - خۇرۇش بول!
ياز شائىر، قازاقستان ئېلىڭنى ياز،
بۇندا هۆر ياشاۋاتقان خەلقىڭنى ياز.
خەلقى ئالەم ئالدىدا ماختان ئەتكەن،
خۇش ئۆمۈر هەم پاراۋان بەختىڭنى ياز!
1982 - ژىل، ماي.

# لۇتپۇللا*)

مېنى، شائىر دېمەڭ دوستلار، شېئىر سۇلتانى ـ لۇتپۇللا،
ۋەتەن ئاسمانىدا يانغان يورۇق چولپانى ـ لۇتپۇللا.
كۇرەشچان ئۇيغۇرستاننىڭ جەسۇر ئوغلانى ـ لۇتپۇللا،
ئېلىمنىڭ پەخرى ئەۋلادى، شەرەپ ـ شانى ـ لۇتپۇللا.

پۇتۇن دۇنياغا داڭ كەتكەن ماكاندۇر ئۇيغۇرستانىم،
گۈزەللىكتە گويا جەننەت، كۇرەشتە داڭقى داستانىم.
شۇ ئەلدە ھۆر ياشاپ ئۆتكەن، كۇرەشچان، باتۇر ئەجدادىم،
ئەشۇ ئەجدادنىڭ ئەۋلادى، ئۈمىت ـ ئارمانى لۇتپۇللا.

قاچانكى كۈن چىقىشتىن ئوت چېچىپ بىر ئەجدىھا كەلدى،
ئاشۇ كۈن ئۇيغۇرستاننىڭ ئىقبالى قارا كەلدى.
قارا تۈندە ئازاتلىققا چاقىرغان سادا كەلدى،
ئۇلۇغ جەڭلەرگە چاقىرغان كۇرەش سىگنالى لۇتپۇللا!

ئاقسۇ بويىدا لۆتۈن غەزەپلىك نەرىلەر تارتتى،
قىساس ۋولقانلىرى پارتلاپ، زۇلۇم تەختىگە ئوت ياقتى.
ھېكىمنۇردەك مۇناپىقلار ئۇنى دۈشمەنلىگە ساتتى،
رەقىپنىڭ دامىغا چۈشتى، ۋەتەن ئارسلانى لۇتپۇللا!



ئوتتۇز يەتتە ئوغلاننى، قارا زىندانغا تاشلاشتى،
بىرىنى ئوتتا كۆيدۈردى، بىرىنى دارىغا ئاستى.
بىرىنىڭ كۆزىنى ئويدى، بىرىنى جادىغا باستى،
ئاشۇ جەڭدە ھالاك بولدى ۋەتەن قۇربانى لۇتپۇللا!

لۇتپۇللا ئېقىلغان كۈن ئاسماندىن قۇياش مۆكتى،
تەبىئەتمۇ تۇتۇپ ماتەم، بۇلۇتلار يېشىنى تۆكتى.
مۇسىبەت ئېلكىدە تەڭرى تىغى ھەم قەددىنى پۈكتى،
ئېلىمنىڭ قەلبىنى ئەزدى جۇدالىق داغى، لۇتپۇللا.

لۆتۈن ئاكام ئېقىلغاندا ئون سەككىزگە تولغانىدىم،
قەۋرىدە قەسەم يادلاپ قەلەمنى قولغا ئالغانىدىم.
ئىزىنى بېسىپ مەنمۇ بىر شائىر بولۇپ قالدىم،
مېنىڭ شائىر ئاۋازىمنىڭ سوغۇلماس كانى لۇتپۇللا.

ئايا، شائىر، ئۆزەڭ كەتتىڭ ئۈمىت ـ ئارمانلىرىڭ قالدى،
ئۈمىت يۇلتۇزلىرى چاقناپ، شېئىر ـ داستانلىرىڭ قالدى.
ئېچىلماستىن غازاڭ بولغان باھار بوستانلىرىڭ قالدى،
خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس قىساس ۋولقانى، لۇتپۇللا!

ئايا، شائىر تاۋاپ ئەيلەپ سېنىڭ قەبرۇ ـ مازارىڭنى،
جەسۇر ئەۋلاتلىرىڭ كەلدى، ئوقۇپ ئوتلۇق غەزەلىڭنى.
تىنچ يات قەبر ئىچىدە سەن، كۈتۈپ ئازات زامانىڭنى،
ۋەتەن ئازات بولغان چاغدا بۇلارسەن شادى، لۇتپۇللا!

1982 ـ ژىل، ئۆكتەبر.

*) بۇ شېئىر بىشكېك شەھرىدە، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ 60 ژىللىغىنى خاتىرىلەش چوڭ ژىغىنىدا ئوقۇپ بېرىلگەن.

# غېنى باتۇر قەۋرىسىگە

غېنى باتۇر يالقۇنجىغان ئوت ئىدىڭ،
ئەمدى ئۆچۈپ، قارا يەردە يېتىپسەن.
ئانا ۋەتەن ئەركىنلىگىنى كۆرەلمەي،
ئارمان بىلەن بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپسەن!

ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلىپ ياشىدىڭ،
دۈشمىنىڭگە باش ئەگمىدىڭ سەن پەقەت.
كەڭ جاھانغا سىغمىغان بىر ئەر ئىدىڭ،
سېنى قانداق سىغدۇرغاندۇر تار لەھەت!

غېنى باتۇر، غۇلجا يولى بويىغا،
ئەۋلاتلىرىڭ كېگانت ھەيكەل قويۇپتۇ.
ھەيكىلىڭمۇ ئۆزەڭ ئوخشاش ژىراقتىن،
ئۆتكەنلەرگە مەغرۇر قاراپ تۇرۇپتۇ.

تازىم قىلىپ ھەيكىلىڭنىڭ ئالدىدا،
مەن تۇرىمەن ئېگىپ مەغرۇر بېشىمنى
ساڭا ئاتاپ بىر قىرائەت ئوقۇدۇم،
كۆزلىرىمدىن تۆكۈپ ئاچچىق يېشىمنى 1)

قەۋرەڭدىن ھەر قېتىم بىر ئۆتكەندە،
ھۆرمەت قىلىپ باش ئېگىمەن مەن ساڭا.
ھېچ ئىشەنگىم كەلمەس «ئۆلدى» دېگەنگە،
تىرىكدەكلا تۇيۇلىسەن سەن ماڭا!

كىم ئېيتىپتۇ: - «غېنى باتۇر ئۆلدى» - دەپ،
چىن باتۇرلار ئۆلمەيدۇ يەر يۈزىدە.
ئات ئوينىتىپ، قىلىچ چاپقان قىياپەڭ،
جۇسۇنلىنىپ تۇرار ئەلنىڭ كۆزىدە.

- غېنى باتۇر - ئۇيغۇر ئوغلى - دېگەندە،
خەلقىمىزنىڭ بېشى كوككە يېتىدۇ.
ئەر ژىگىتنىڭ بۇياق تۇرسۇن ئەرلىگى،
ئاتىغىمۇ خەلقنى شات ئېيتىدۇ!

كىم سۆيۈملۈك بولالمىغان سېنىڭدەك،
تىرىكلەردىن ئارتۇق سېنىڭ ئۆلگىنىڭ.
ھەر ئۇيغۇرنىڭ ژۈرىگىدە بىللە سەن،
شۇ ئەمەسمۇ سېنىڭ تىرىك ژۈرگىنىڭ!؟

1983 - ژىل.

1 ) 1944 - ژىلى نويابىردا غېنى باتۇر ئۆز ئەترىتى بىلەن غۇلجا شەھرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، تۇنجى پارتىزان شتابىنى قۇرغاندا، مەن شۇ شتاپتا كاتىپلىق خىزمىتىنى قىلغان ئىدىم. غېنى باتۇر مېنى «بالا قارىۋاي» دەپ ئاتاتتى.



# ئانا

ياخشىلار، ئىزگۇ جانلار كۆپ جاھاندا،
شۇلارنىڭ شارايىتى - ئالەم يورۇق.
سورىدىم: - شۇ ياخشىلار ئارىسىدا،
دۇنيادا ھەممىدىن كىملەر ئۇلۇق؟

بىرسى دەيدۇ: - ھەممىدىن ئىشچى ئۇلۇق،
ھاياتقا يول كۆرسىتىپ، ئىلىم بەردى.
بېمىننەت ئەجرى بىلەن بارچىمىزغا،
قولايلىق ئۆي بىلەن ئىسسىق كىيىم بەردى.

بىرسى دەيدۇ: - ھەممىدىن دېخان ئۇلۇق،
تىرىكچىلىك يوللىرىنى ئۇ ئۆگەتتى.
ئىنسانغا پاراۋانلىق ئاتا قىلىپ،
يوقسۇللۇق قايغۇسىنى ئۇ ئۆگەتتى!

بىرسى دەيدۇ: - ھەممىدىن ئالىم ئۇلۇق،
ئۇ خەلققە سائادەتلىك ھايات بەردى.
ئادامزاتنى ئاياققا دەس تۇرغۇزۇپ،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشقا قانات بەردى!

بىرسى دەيدۇ: - ھەممىدىن شائىر ئۇلۇق،
ئەركىنلىك بايرىغىنى تىك كۆتەرگەن.
جاراڭلىق، ئوت قاناتلىق ناخشا بىلەن،
قەلبىڭگە مۇھەببەتنىڭ ئوتىنى تەرگەن!

مەن دەيمەن: - ھەممىدىن ئانا ئۇلۇق،
شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئانا تۇققان.
مېھرىۋان كۆكرىگىدىن ئاق سۈت بېرىپ،
ئۇچۇم قىلىپ، قاتارىغا ئانا قاتقان!

دوستلىرىم، ئانىلارغا باش ئېگەيلى،
ھەممىنى ئانا تۇغۇپ بەرگىنى راس.
شۇڭلاشقا، ئالقىش، ھۆرمەت، شانۇ - شەرەپ،
ھەممىسى پەقەتلا شۇ ئانىغا خاس!

## قەلبى قۇياش ئانىلار

قۇياش بولۇپ بار ئالەمگە كۈلۈپ باققان ئانىلار،
دەريا بولۇپ ۋادىلارغا تولۇپ ئاققان ئانىلار.
پەرزەندىگە پەرۋانە بوپ قانات قاققان ئانىلار،
ۋۇرەكلەرگە مۇھەببەتنىڭ ئوتىنى ياققان ئانىلار!

كېچىلەردە كىرپىك قاقماي «ئەللەي» ئېيتىپ كۈيلىگەن،
پەرزەندىگە ئۇزاق ئۆمۈر، يورۇق ئىقبال تىلىگەن.
ياخشىلىقنى ئارزۇ قىلغان، يامانلىقنى بىلمىگەن،
ئىزگۈلۈك ۋە ساخاۋەتكە تۈگمەس كان ئانىلار!

بار ئالەمنىڭ سېخىلىغىنى بىر ۋۇرەككە تۈگۈشكەن،
بارچە ئىنسان قايغۇسىغا شېرىك بولۇپ بۆلۈشكەن.
ئۆزىنىڭ ئەمەس، ئۆزگىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈلۈشكەن،
مۇرۇۋۋەتتە بار جاھانغا شاھى سۇلتان ئانىلار!

گۆدەكلەرگە ئەقىل بېرىپ، ئەل سۆيۈشنى ئۈگەتكەن،
قەلبىمىزگە شاتلىق بېرىپ، دەردىمىزنى تۈگەتكەن.
ئەقلى بىلەن ئۇرۇق تېرىپ، مېھرى بىلەن گۈللەتكەن،
بارچە ئىنسان قەلبىدىكى مۇقەددەس جان ئانىلار!

جەڭ چېغىدا جەڭچى بولۇپ ياۋغا قارشى ئوق ئاتقان،
ئۆزى يېرىم ئاچ تۇرسىمۇ مەيدانغا نان ئۇزاتقان.
ئېغىر ۋىللار ئازاۋىدا ياشلىغىنى يوقاتقان،
ئەۋلاتلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئوتقا كىرگەن ئانىلار!

تېچلىق چېغى فابرىكىدا ستانوكلار ۋۇرگۈزگەن،
ماكلاي تەردە يەر سۇغۇرۇپ، ئالتۇن داننى ئۈنگۈزگەن.
ئۇستاز بولۇپ ئەۋلاتلارنىڭ قەلبىگە نۇر سىڭگۈزگەن،
يېڭى ھايات قۇرۇۋاتقان مەردۇ ـ مەيدان ئانىلار!

ئىنسانىيەت ھاياتىغا ئۆزى بولۇپ پاسىبان،
ئەۋلاتلارنى قانلىق ئۇرۇش ئاپىتىدىن ساقلىغان.
باشقا قىلىچ چۇشكەندىمۇ ھەقىقەتنى ياقلىغان،
زۇلۇمغا باش ئەگمەيدىغان چىن قەھرىمان ئانىلار!

«ئانا» دېسەڭ قەلبىمىزدە كۈن چىقىپ تاڭ ئاتىدۇ،
«ئانا» دېسە، بۆشۈكتىكى بالا قانات قاقىدۇ.
«ئانا» دېسە، ئاسماندىكى ئايمۇ كۈلۈپ باقىدۇ،
قەلبىمىزدە تاڭ ئاتقۇزغان يورۇق چولپان ئانىلار.

ئەي، ئانىلار، مېھرى شەپقەت تەگرىسىنىڭ ئۆزى سىز،
ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ مەڭگۈ پۈتمەس كۆزى سىز.
گۆدەكلەرنىڭ تىلىدىكى ئەڭ مۇقەددەس سۆزى سىز،
بۇ ئالەمدە تەڭدىشى يوق ئۇلۇق ئىنسان ئانىلار!

1983 ـ ۋىل.

# بىلال نازىم خاتىرىسىگە

مېنىڭ دەردىم بېھەد دوستلار، كۆڭۈلدە قايغۇ ـ زارىم بار،
يورۇق بەختىم قارا قىلغان پەلەكتىن دىل ئازارىم بار.
ۋەتەن ! ـ دەپ ناخشىلار ئېيتسام، غەزەلخاندەك ئاۋازىم بار،
غەزەلخانلىقنى ئۆرگەتكەن، بىلالدەك ئۇستازىم بار!

بوۋام سادىر بولۇپ سەردار، ياۋۇزغا قارشى ئات سالغان،
تۆمەن لەشكەر بىلەن قۇرشاپ، باياندايى شەرىنى ئالغان.
ئىلىنى سورىدى پەش ۋىل ئەلاخان دېگەن سۇلتان،
ئۇلۇق جەڭدە يېڭىپ چىققان باھادىر سەرۋازىم بار!

ۋەتەن ئوغلانلىرى جەڭدە، ئەزىز جاننى پىدا قىلغان،
زۇلۇمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئازاتلىقنى جاكا قىلغان.
ۋەتەن بۇلبۇللىرى سايراپ، سەھەردە خۇش ناۋا قىلغان،
ئادالەت سازىنى چالغان بىلالدەك تېۋىلۋازىم بار!

ـ « يامان كۆرمەڭ مېنى دوستلار، ئېگەمنىڭ بىر قۇلىدۇرمەن،
كىشى قەدرىمنى بىلمەيدۇ، ۋەتەننىڭ گۆھرىدۇرمەن.
گۈلىستانىم غازاڭ بولدى، شۇ باغنىڭ بۇلبۇلىدۇرمەن،
كى دۆلەت كەتتى باشىمدىن زۇلۇمدا ئىنقىرازىم بار!»

«غەزەلىيات» كۈيلىرى ئاشىق كوڭۈلنىڭ ئىلتىجاسىدۇر،
ئەلەم چەككەن كۆڭۈللەرنىڭ ئارامبەخش ناۋاسىدۇر.

مۇسەپپا روھ، تازا ۋىجدان، نەپىس تۇيغۇ نەپەسىدۇر،
بولۇپ بۇلبۇل ناۋا قىلغان بىلالدەك ئەھلى نازىم بار.

نازىم ئاشۇ جەڭلەردە گويا چاقماق بولۇپ چاققان،
«غازات دەر مۇلكى چىن» بىرلە، كۇرەشنىڭ ئوتىنى ياققان.
كۇرەشتە يەكسىمۇ خەلقىم، پەلەك سول كۆز بىلەن باققان،
ئاشۇ تەتۇر پەلەككە دىلدا پۇتمەس ئىتىرازىم بار!

قەشقەرنىڭ قىزى نازۇك ئىلىغا پالىنىپ كەلگەن،
زۇلۇمغا بېشىنى ئەگمەي، يامۇلدىن قېچىپ كەتكەن.
كەتمەن تېغىدا باردۇر، نازۇكنىڭ ئىزى ژۇرگەن،
بۇ قىسسەنى بايان ئەتكەن بىلال ئاتلىق بايازىم بار.

مېنىڭ بىچارە خەلقىمگە ئەزەلدىن كەلمىدى ئامەت،
ئازاتلىقنىڭ كۇنى پاتتى يەنە كەلدى زۇلۇم ئاپەت.
ئاق خان بىلەن قارا خان كېلىشتى ئۆز ئارا شايەت،
گۇلىستاننى غازاڭ قىلغان زىمىستان ـ قىش ئايازىم بار.

ـ«مېنىڭ دەردىم تولا بىھەد، ئېيتارغا دادىغا بارمۇ؟
غېرىپ ئەرزىنى ئاڭلارغا ئادالەت پادىشا بارمۇ؟
ۋەتەندىن ئايرىلىپ قالدۇق، ئىلىمگە باش پانا بارمۇ؟»
دىبان ھەققە خىتاپ قىلغان بىلالدەك شىر دارازىم بار!

ئۇيغۇر بېشىدا ئاخىر، قارا كۇنلەر قانات قاقتى،
«كۆچ ـ كۆچ ناخشىسىن» ئېيتىپ قىلۋىگە قاراپ ئاقتى.
ۋەتەننىڭ دەردىدە ۋىغلاپ، كۆزىنىڭ گۆھىرى ئاقتى،
ياركەنت بويىدا قالغان مۇڭلۇق بىر مازارىم بار!

ئايا شائىر، تىنىچ ياتقىن، ئېلىپ ئەمدى ئارامىڭنى،
كۇرەش بىرلەن ياراتقاي نەسلىڭ ھۇرلىك زامانىڭنى،
ئازات خەلقىڭ ناۋا ئەيلەر چېلىپ تەمبۇر ـ دۇتارىڭنى،
ئەشۇ تويدا غەزەل ئېيتساڭ، سېنىڭمۇ ئىمتىيازىڭ بار!



## ئەمگەكچى شەنىگە

قارىغىنا، نېمە دېگەن گۆزەل بۇ دۇنيا،
ياشىغان ماكانىڭ جەننەتدۇر گويا.
شۇ گۆزەل دۇنيانى يارىتىپ بەرگەن،
ئەمگەكچى ئىنسانغا دەيسەن «تەسەننا»!

تەر تۆكۇپ، ئېتىزنى گۇللىتىپ دېخان،
دانلاردىن تاغ ياساپ ئالدۇ خامان.
سوغىتى ئەمەسمۇ ئاشۇ دېخاننىڭ،
دەستىخان ئۇستىدە كۇلۇپ تۇرغان نان!

ئىشچىلار ھەشەمەت ئۆيلەر قۇرۇدۇ،
سۆلەتلىك شەھەرلەر بىنا قىلدۇ.
شۇ ئۆيگە ئۆزگىلەر كۆچۇپ كىرگەندە،
ئىشچىنىڭ ژۇرىگى خوشال كۆلدۇ!

ئالىمنىڭ ئەمگىگى ھەممىدىن ئۇلۇق،
مېھنەت قىپ، ۋىكىندە قازىدۇ قۇدۇق.
ئالىمنىڭ ئىختىرا ـ كەشپىياتىدىن،
مۇشكۇللەر ئاساندۇر، كېچىلەر يورۇق!

ئېتىزدا، زاۋۇتتا، تەجرىبىخانىدا،
شۇ ئەزىز جانلارنى كۆرىمەن ھامان.
شۇلارنىڭ مۇشەررەپ ئەمگىگى بىلەن،
بۇ ئالەم موشۇنداق گۆزەل، گۇلىستان.

كۇيلىسەڭ ئەمگەكچى ئەلنى كۇيلەيلى،
ھەممىنى كىيدۇرگەن ھەم تويدۇرغان.
دۇنيانى ياراتقان قۇدرىتى بىلەن،
ھەممىدىن ئۇلۇقدۇر ئەمگەكچى ئىنسان!

# تىنچلىق ژىلىغا مەدھىيە

«ئىنسانىيەت تارىخى ئېچىلغاندىن بېرى، يەر يۈزىدە 3300 قېتىم چوڭ - كىچىك ئۇرۇشلار بولۇپ، جەمى 5 مىللىيارتقا يېقىن ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن. بۇنى ئەسكە ئالغان ب م ت 1986 - ژىلنى تىنچلىق ژىلى - دەپ ئېلان قىلدى».
گېزىت خەۋىرى.

مىڭ ژىللىق، تۈمەن ژىللىق ھايات يولىدا،
ئۇرۇشلار ئىلكىدە ياشىدى ئىنسان.
ھېساپسىز ئۇرۇشلار، قانلىق قىرغىنلار،
گۇۋاھى بولمىشدۇر زېمىنۇ - ئاسمان!
تارىخنى ۋاراقلاپ قارساڭ ئەگەر،
ئۇنىڭ ھەر بېتىدە، ئۇرۇشنىڭ ئىزى،
جەسەت بىلەن تولغاندۇر. بىزنىڭ ئانا يەر،
قان بىلەن ژۇيۇلغان پۈتكۈل يەر يۈزى!
زېدىيەت - كۈرەشلەر تولغان بۇ دۇنيا،
يوق ئۇندا ئۇرۇشسىز ئۆتكەن بىر سەنە.
قىرىق ژىل بۇرۇنقى دەھشەتلىك ئۇرۇش،
تېخى كۆز ئالدىمىزدا تۇرىدۇ ئەينە:
ئۇرۇشتا تۆكۈلدى دەريادەك قانلار،
مىڭلىغان شەھەرلەر بولۇشتى خاراپ.
مىللىونلاپ ئەرلەرنىڭ ئۆمرى قىيىلدى،
قالغانلار تارتىشتى ھېساپسىز ئازاپ!
ئىنسانغا ھېساپسىز ئازاپ كەلتۈرگەن،
دۇنيانى بۇلغىغان ئۇرۇش قاباھەت!
ئۇ ژىللار قالسىمۇ بىزدىن ژىراقتا،
ژۈرەكتە ئۆچمىدى قانلىق جاراھەت!
- بەس، ئەندى ئۇرۇشنى توختىتىڭلار! - دەپ،
كىشىلىك ۋىجدانى چىقاردى پەرمان.
جاھانغا تىنچلىق، ئادىمىزاتقا بەخت،
سائادەت تىلەيدۇ، جىمىكى ئىنسان!
ۋا لېكىن زالىملار يوقالمىغۇنچە،
زۇلۇم ۋە قارشىلىق پۈتمەيدۇ پەقەت.
دۇنيادا ئادالەت ئورنالمىغۇنچە،
مەڭگۈلۈك تىنچلىق بولمايدۇ ئەبەت!
قەلبىدە ئۇرۇشنىڭ جاراھىتى بار،
ئانا يەر قانلارنى ئىچمىسۇن ئەندى.
خەلقلەر بېشىدا نۇر چېچىپ تۇرغان،
ئادالەت قۇياشى كۆچمىسۇن، ئەندى!
تىنچلىق دېمەك - بۇ ھايات دېمەكدۇر،
تىنچلىق دېمەك - بۇ بەخت دېمەكدۇر.
كىملەرگە ھايات - بەخت قىممەتلىك بولسا،
شۇلارنىڭ بارىغا تىنچلىق كېرەكدۇر!

1986 - ژىل، يانۋار.

# ماي تېڭىدا

مانا، بار ئالەمنىڭ تاكچىسى بولۇپ،
قۇياشتەك پارلىنىپ ياتار ۋەتىنىم.
ۋەتەنىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسنىلەر قوشۇپ،
ماي تېڭى ئاتىدۇ، چېچىپ نۇرلىرىن!
كۆكۈلدە خوشاللىق ھىسلار ئۇيغىتىپ،
ماي تېڭى يورىدى، ئالتۇن نۇرلۇق تاڭ.
بۈگۈنكى ماي تېڭىنىڭ گۈزەللىكىدە،
ۋەتەنىنىڭ ئەتىكى ھۆسنى نامايان.
دوستلىرىم، گۈزەل ماي تېڭىنى كۆرۈپ،
ئازاتلىق تاڭلىرىنى ئويلاپ كېتىمەن.
ژىللارنىڭ ئۈستىدىن خىيالىم ئۇچۇپ،
كېلەچەك يوللىرىنى بويلاپ كېتىمەن!
ئەينە كۆز ئالدىمدا يورۇق بىر دۇنيا،
نۇرلارغا پۈركىنىپ پارلاپ ياتىدۇ.
قوينىدا ياشىغان بەختىيار ئەۋلات،
كۆيلىرى پەلەكتە قانات قاقىدۇ!
ئۇندا يوق ئادەملەر قەلبىدە تەشۋىش،
ئۇندا يوق خەلقىمنى بىزار قىلغان يات.
ھەممە يەر ھۆر - ئازات، ھەممە ئەل تۇققان،
ھەممىسى ياشايدۇ بەختىيار ئىناق!
ئۇ كۈنلەر كېلىدۇ، مۇقەررەر ئېنىق،
تەبىئەتتە تۈن كېتىپ تاڭلار ئاتقاندەك!
بۈگۈن - ئۆتمۈش، كېلەچەك - بۈگۈن بولغاندا،
ۋەتەن جەننەت بولىدۇ، ئادەملەر - مەلەك!
ئېخ، ئاشۇ تاڭنىڭ بىر چولپىنى بولۇپ،
ئازاتلىق - تاڭ ئاتقىنىنى كۆرسەم ئىدىم مەن.
بەختىيار ئەۋلاتلار بىلەن قول تۇتۇپ،
ئازات ۋەتەن باغلىرىدا ژۈرسەم ئىدىم مەن!

1986 - ژىل. ماي.

# ماي كېلىدۇ

ماي كېلىدۇ، ئەزىز دوستلىرىم،
خاسىيەتلىك بۇ بىرىنچى ماي.
زېمىستاننى سۈرۈپ، ژىراققا،
گۈلباھارنى ئېلىپ كەلگەن ئاي!
ھەر باھاردا ماي تېڭى ئاتار،
ماي تېڭىنى چولپان ئويغىتار.
سۈزۈلۈپ ماي تېڭى ئاتقاندا،
ئاشىقلارنىڭ قەلبى ئوت ئالار.
ھەي، گۈزەل ماي، گۈزەللىككە باي،
تەبىئەتنىڭ كۆركەم چېغى سەن.
چىمەنلىرىڭ، قۇشلىرىڭ بىلەن،
كۆكۈللەرنىڭ گۈلشەن بېغى سەن!
سېنىڭ يېشىل چىمەنلىرىڭدەك،
دايىم باھار بولسۇن ئېلىمىز.
ئۇچقۇر بولسۇن ۋەتەن ئاسمىنى،
كۈلۈپ تۇرسۇن كوكتە كۈنىمىز!

1986 - ژىل. ماي.

## بالا خسلتی

*كىچىككىنە ئوغلۇم بار ئىلياس ئاتلىق،*
*قىلىقلىرى يېقىملىق، تىلى تاتلىق.*
*سۈتنى كۆرسە بېلىقتەك تېپىرلايدۇ،*
*قۇشنى كۆرسە ئۇچىدۇ، ئۇ قاناتلىق.*

*ئوغلۇم مېنىڭ كۆزىدە بىر قىلىق تاپار،*
*هەر قىلىقى ئاستىدا بىر سىر ياتار.*
*نەزەر سالسام ئوغلۇمنىڭ ۋۇجۇدىدا،*
*ئىنسانلىقنىڭ ئەڭ ئېسىل خىسلىتى بار.*

*ئاق ساقالنى كۆرسە ئۇ «بوۋا» دەيدۇ،*
*ئاق چاچلىقنى كۆرگەندە «موما» دەيدۇ.*
*كۆرۈنگەنىنىڭ ھەممىسى ئاڭا تۇققان،*
*-مونۇ ئۆزگۇ، مونۇ يات- دەپ ئايرىمايدۇ!*

*نېمە تاپسا بېرىدۇ «مانا مە» دەپ،*
*نېمە كۆرسە ئالىدۇ «ئەكەنە» دەپ.*
*سېنىڭ ـ مېنىڭ دېگەننى ئۇ بىلمەيدۇ،*
*قولى ئوچۇق، كوڭلى كەڭ، ئادىل ۋۇرەك!*

*كۆرگەن بولسا نېمىنى كۆردۈم دەيدۇ،*
*كۆرمىگەننى كۆردۈم دەپ ئۇ ئېيتمايدۇ.*
*ئېيتقان سۆزى ھەر قاچان چىن ھەقىقەت،*
*ئالدامچىلىق، قۇۋلۇقنى ئۇ بىلمەيدۇ!*

*ماختاپ قويسا خوشال بوپ قوۋۇنىدۇ،*
*جېمىلسە خىجىل بوپ ئۇيۇلىدۇ.*
*ئانىسىنى قۇچاغلاپ سۆيگىنىدىن،*
*ـ كېچىر مېنى ـ دېگەندەك تۇيۇلىدۇ!*

*سەبىلەرنىڭ كۆڭلى نۇردەك تازا،*
*ئۇ مېھرىۋان، ئاق كۇڭۇل، ئادىل يانا.*
*كۆرگەن چاغدا بالىنىڭ خىسلىتىنى،*
*خوشاللىقتا چۆمىدۇ ئاتا ـ ئانا!*

*ئەزىز ئوغلۇم ئاتاڭدىن ساڭا خىتاپ،*
*سەن ئۆتىسەن ئۆمۈردە داۋان ئاتلاپ.*
*ئۆتكەن چاغدا ئۆمۈرنىڭ داۋىنىدىن،*
*ئەشۇ ئېسىل خىسلەتنى قالغىن ساقلاپ!*

---

## ئـوغـلـۇمـغـا
**( ئىككى شېئىر)**

1

مەن سېنى ئوغلان دېدىم، سەن ھەم خەلىق ئوغلانى بول،
ئىشىق مۇھەببەت ئاسمىنىدا پارلىغان چولپانى بول.
ئۆز ئېلىنى سۆيمىگەنلەر ئەر ئەمەس، ئادەم ئەمەس،
بىر ئۆمۈر تۇققان ئېلىڭنىڭ ئاشىقى دىۋانى بول.
ئەل گويا ـ مەشۇق سەنەمدۇر، سەن گويا- ئاشىق غېرىپ،
ئەل يېنىپ تۇرغان چىراقدۇر، سەن ئۇنىڭ پەرۋانى بول.
خەلقىمىزنىڭ ئەجرى بىلەن گۈللىگەن بىزنىڭ ۋەتەن،
سەنمۇ ئۆز ئەجرىڭ بىلەن گۈل ئۆستۈرەر باغۋەنى بول!
بۇ ھاياتتا ئادىمى بوپ ياشىماق ئاسان ئەمەس،
توغرا سۆز، ئادىل نىيەتلىك ساپ تازا ۋىجدانى بول.
شۇ ھاياتلىق ئالىمدە دوستمۇ بار، دۈشمەنمۇ بار،
دوستلىرىڭغا دوست بولۇپ، دۈشمەنلىگە ئەغيارى بول.
ھەر كىشى ئۆز بەختىنى تاپقاي كۈرەش مەيدانىدىن،
سەن كۈرەش مەيدانىدا ئۆردەك بولماي شۇڭقارى بول!
ئەي ئوغلانا، شۇ ھاياتتا ئوينا ـ كۈل، قەنىتىڭنى چاق،
دۇنيادا ئەركىن ياشاپ ئۆت، قۇل بولماي سۇلتانى بول!

2

(ئونىنچى سىنىپنى توگىتىپ چىققان ئوقۇغۇچىلارغا بېغىشلايمەن)

ئونىنچىنى تۈگىتىپ، ئاتىستات ئالدىڭ گۆدەك،
يوللانما ئېپ ھاياتقا، سەن ئۇچۇم بولدۇڭ دېمەك.
ئۇلۇق ئارمان ئالدىڭدا، خەلقىڭ ساڭا يار ـ يۆلەك،
ئىستىقبالىڭ كۆكىدە ئىگىزىرەك ئۇچ، ئىگىزىرەك!

ئارمىيەگە بارسەن، نەۋقىران ژىگىت بولۇپ،
ئانا ۋەتەن ئىشقىدا يېنىپ تۇرغان ئوت بولۇپ.
قايتىپ كەلسەڭ كۆكسۈڭنى مىداللارغا تولدۇرۇپ،
يورتۇڭ خوشال قارشى ئالار، ئىگىزىرەك ئۈچ، ئىگىزىرەك!

ئوغلۇم سېنىڭ ئالدىڭدا تالاي ئۆمۈر قىرى بار،
ھاياتنىڭ سەن بىلمىگەن تۈرلۈك - تۈمەن سىرى بار.
شۇ سىرلارنى بىلىشتە ئىلىم دېگەن يولى بار،
مەرىپەت ئاسمىنىدا ئىگىزىرەك ئۈچ، ئىگىزىرەك!

ياشلىقىڭدا ئاشىق بوپ، بىر گۈزەلنى سۆيەرسەن،
مۇھەببەتنىڭ ئازاپلىق ئوتلىرىدا كۆيەرسەن.
سادىق بولساڭ سۆيگىگە، مۇرادىڭغا يېتەرسەن،
ساداقەتنىڭ كۆكىدە ئىگىزىرەك ئۈچ، ئىگىزىرەك!

ھايات يولى دولقۇنلۇق بىر دەرياغا ئوخشايدۇ،
تەغدىر سېنى خىلمۇ - خىل قايناملارغا تاشلايدۇ،
ئاشۇ قاينام ئىچىدە، ئارمان ئالغا باشلايدۇ،
بۇلۇتلارنى قاق يېرىپ، ئىگىزىرەك ئۈچ ئىگىزىرەك!

ئۆمۈر يولى - كۈرەش - دەپ ئېيتقان ئىكەن دانالار،
كۈرەش بىلەن ھەل بولار ئۇلۇق ئارزۇ - ئارمانلار،
مۇرادىغا يېتەلمەس كۈرەشمىگەن نادانلار،
سەن كۈرەشتە باتۇر بول، ئىگىزىرەك ئۈچ، ئىگىزىرەك!

جەسۇر بۈركۈت ئەڭ ئىگىز كوكتە پەرۋاز قىلىدۇ،
ئىگىز ئۇچقان ھاياتنىڭ لەززىتىنى كۆرىدۇ.
پەستە قالغان قۇرۇتلار يەر دەسسىلىپ ئۆلىدۇ،
پەستە قالما ئوغلۇم، ئىگىزىرەك ئۈچ، ئىگىزىرەك!

1986 - ژىل، سېنتەبىر.

• • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • •

## دوستۇمنىڭ يۇبىلېيىغا

### ( قەلەمداش دوستۇم مەسىمجان زۇلپىقاروۋقا )

قەدىردان دوستۇم سېنى قۇچۇپ كەلدىم،
ژىراقتىن قانات قېقىپ، ئۇچۇپ كەلدىم.
تەبرىكلەپ ئاتمىش ياشلىق تويىڭنى مەن،
شېھردىن گۈلدەستىلەر تۇتۇپ كەلدىم.
يادىمدا، ئاشۇ ياشلىق چاغلىرىمىز،
گۈللىگەن، ياشناپ كۆكۈل باغلىرىمىز.
ئىككىمىز بىللە ئۆرلەپ ئۇچقان ئىدۇق،
ئەڭ بۈيۈك چوققىلارنى كۆزلەپ ئېگىز.
ياش ئىدۇق، يېنىپ تۇرغان يالقۇن ئىدۇق،
لاچىندەك ئۇچقۇر قانات ئالغۇر ئىدۇق.
باش ئەگمەي قارام تەغدىر قىسمىتىگە،
ئازاتلىق يوللىرىنى بىز ئىزدىدۇق!
ئەزەلدىن ئەرك سۆيگەن ئۇيغۇرستان،
تەگرىتاغ ئېتىگىدە قىلدى ئىسيان.
كۈرەشكە كىردىڭ سەنمۇ جەڭچى بولۇپ،
مەيداندا ياۋنى سۈرۈپ، تېرى ۋەيران.
مىڭ ئەپسۇس، ئىنقىلاپنىڭ ئوتى ئۆچتى،
قوللاردىن يالتىرلىغان قىلىچ چۈشتى.
تەغدىرنىڭ قىسمىتىگە نېمە چارە؟
خەلقىمىز پانا تىلەپ يەنە كۆچتى!
كەتتۇق بىز ئانا يۇرتتىن باشنى ئېلىپ،
ژۈرەككە جۇدالىقنىڭ ئوتىن سېلىپ.
يەتتىسۇ بويلىرىغا كېلىپ يەتتۇق،
بوۋىلار بېسىپ ئۆتكەن يولنى مېڭىپ.
شۇندا سەن ئەل ئىشقىدا كۆيۈپ ياندىڭ،
مەرىپەت دەرگاھىدا بىلىم ئالدىڭ.
قىلىچ تۇتقان قولۇڭدا قەلەم تۇتۇپ،
ئۇيغۇرنىڭ زۇلپىقارى بولۇپ قالدىڭ!
ياشلىقتا يازغان ئىدىڭ «گۈلشەنباغ»نى،
مەدھىلەپ ۋەتىنىمدە ئاتقان تاڭنى.
قىرىق ياشتا لۇتپۇللىغا ھەيكەل قويۇپ،
ياشانغاندا يېزىپ بەردىڭ «يانار تاغ»نى!
سەن يۇلتۇز، ئىگىز كۆكتە يېنىپ تۇرغان،
ئالەمگە ئۆز نۇرۇڭنى بېرىپ تۇرغان.
سېنىڭدەك ئەلگە سادىق ئوغلان بولۇپ،
دۇنيادىن ئۆتسە كىشى، نېمە ئارمان؟

1986 - ژىل، ئىيۇن.

# قازاق باۋرىمغا

## ( دېكابىر پاجەسى كۈنلىرىدە )

دېكابىر -
قىشنىڭ سوغۇق بىر ئاخشىمى،
ئىفىردىن ئاڭلىناتتى سۈرلۈك چوقان.
كوكۇلگە تەشۋىشلىك ئويلار سېلىپ،
تاللادا ھۆكۈرەتتى جۇت - شۇۋۇرغان!

دىكتور دەيدۇ:
— بىر توپ قازاق ژىگىتلىرى،
ھۆكۈمەتكە قارشى قىلدى ئىسيان!
ھاراقكەش، ناركومان ھەم لۈكچەكلەر،
ھەممىنى ئۇرۇپ - چېقىپ قىلدى ۋەيران!

جەمىيەت ئامانلىغىن بۇزدى ئۇلار،
دۆلەتكە ئېغىر زىيان سالدى بۈگۈن.
جىنايەت قىلمىشلىرى ئېغىر شۇڭا،
تېگىشلىك جازاسىنى ئالدى بۈگۈن!

ياق! - دېدىم ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ،
يالغان سۆز! ھەقىقەت ھېچ ئۇنداق ئەمەس!
مىللەتكە قىلغان ئېغىر ھاقارەت بۇ،
چىن ئىنسان، ھاقارەتنى ھېچ كۆتەرمەس!

ھەق شۇكى:
قازاقنىڭ ياش قىرانلىرى،
ئىنسانلىق ھوقۇق تەلەپ قىلغان ئېدى.
مىللەتنىڭ ئار - نومۇسىن قوغداش ئۈچۈن،
گۈلدەك ياش ھاياتىنى، قىيغان ئېدى!

مەيدانغا كىرىپ كەلدى تۇشمۇ - تۇشتىن،
بېشىغا كاسكا كىيگەن دارازىلار.

ئايىماي، ئۇچرىغاننى ئۇرۇپ - سوقۇپ،
مەيداندا باشلاۋەتتى قىرغىن قىيا...

ژىقىتتى يۇزلەپ قىران ژىگىتلەرنى،
قىزلارنى چاچلىرىدىن سۆرەپ ماڭدى!
كوچىلار بويالدى قىزىل قانغا،
يوللاردا يۈزلەپ ئۆلۈك جەسەت قالدى!

بار ئېدى، بۇ ياشلارنىڭ نە گۇناھى،
ھەق سۆزنى ئېيتىش شۇنچە گۇنامىدى؟
بۇ قانلىق جىنايەتكە كىم ئەيىپكار؟
يە، ئۇلارنى قىرغىن قىلىش مۇراتمىدى؟

قازىغىم، نېمە دەرت بۇ، قانداق قىسمەت؟
بېشىڭغا چۈشتى يەنە، ئېغىر كۈلپەت!
ئايرىلىپ جەسۇر ئوغۇل - قىزلىرىڭدىن،
قەلبىڭگە چۈشتى يەنە قايغۇ - ھەسرەت!

قازىغىم، باۋرىم مېنىڭ قېرىندىشىم،
بىر ئانىنى بىللە ئەمگەن ئېمىلدىشىم.
ھەسرىتىڭ موجۇپ مېنىڭ ژۈرىگىمنى،
تاڭ ئاتقىچە قۇرىمىدى كۆزدىن يېشىم!

كەلدىم مەن، سېنىڭ بىلەن سىردىشاي دەپ،
دەردىڭنى تەڭ بۆلۈشۈپ موڭدىشاي، - دەپ.
پاراغەت كۈنلەردە بىز تامىر ئېدۇق،
بېشىڭغا دەرت كەلگەندە قوللىشاي دەپ.

چىن ئىنسان - يالغۇز تاشلاپ كەتمەس ھەرگىز،
قايغۇدا قالغان چاغدا قېرىندىشى...
بۇ پەقەت ئىنسانغىلا خاس پەزىلەت،
ۋىجدانسىز مەخلۇقلارنىڭ نېمە ئىشى؟!

1986 - ژىل، دېكابىر، ئالمۇتا.

• • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • •

# سەن يوق

تەلمۈرۈپ مەن خەرىتىگە قارايمەن،
- ئۇيغۇرستان قەيەردە؟ - دەپ سورايمەن.
ئىزدەپ - ئىزدەپ تاپالمىدىم ھېچ نەدىن،
ۋەتىنىم، سەن يوق!

ب م ت نىڭ بىناسىغا كىرگەندە،
يۈزلەپ قاتار بايراقلارنى كۆرگەندە.
ئاي - يۇلتۇزلۇق كوك بايراقنى ئىزدىدىم،
بايرىغىم، سەن يوق!

ھەر خەلقنىڭ كەلگەندە ئۆز بايرىمى،
قۇتلىشىدۇ ئازاتلىقنىڭ تويىنى.
ئوينىاي دېسەم، مەنمۇ شۇنداق خۇش كۈلۈپ،
بايرىمىم سەن يوق!

ئاتالغاندا ھەر خەلقنىڭ تەئرىپى،
ئابرويى، ئاتىغى شان - شەرىپى.
ئېيتىلمايدۇ ئۇيغۇرنىڭ ھېچ تۆھپىسى،
شەرىپىم، سەن يوق!

يوقمىدى، يە ئالىمۇ - پازىللىرىڭ،
يوقمىدى، يە، شائىرو - نازىملىرىڭ.
ئېيتىلمايدۇ، ھېچ نەدە نامىڭ سېنىڭ،
ئۇيغۇرۇم، سەن يوق!

ئەي ئۇيغۇرۇم، جىسمىڭ بارۇ، ئىسمىڭ يوق،
ئەل ئالدىدا ماختانغىدەك ھۆسنىڭ يوق.
جىسمىڭ بارۇ، ئابرويىڭ يوق ئېكەن،
دېمەككى سەن يوق!

1986 - ژىل.

## سېغىندىمغۇ

ئۇيغۇرستان، ئەللىرىڭنى سېغىندىمغۇ،
چەكسىز ئىدىر ـ بەللىرىڭنى سېغىندىمغۇ،
هەر باھاردا قىيان بولۇپ تېشىپ ئاققان،
چېچەك سۈيى سەللىرىڭنى سېغىندىمغۇ!

ئۇيغۇرستان، تۇققان ئانا ئېلىم مېنىڭ،
تۇپرىقىڭدىن تۆرەلگەندۇر، تېنىم مېنىڭ.
سېنىڭ شەرۋەت سۇلىرىڭدۇر قېنىم مېنىڭ،
شاقىرىغان سايلىرىڭنى سېغىندىمغۇ!

قۇچىقىڭدا ئۆتكەن مېنىڭ بالىلىقىم،
يوللىرىڭدا قالغانىمۇ ئىز ـ تامغىلىرىم.
ئازاپ ئىچىدە ئۆتسىمۇ كۆپ ئاي ـ ژىللىرىم،
ئاشۇ شېرىن ئانلىرىڭنى سېغىندىمغۇ!

قۇچىقىڭدا ئەركە ئويناپ ئۆسكەن ئىدىم،
ئەركىنلىك ئۈچۈن زىندانلارغا چۈشكەن ئىدىم.
ئەزىز باشقا دەرت كەلگەندە كۆچكەن ئىدىم،
ئىلى دەريا بويلىرىڭنى سېغىندىمغۇ!

ئۇزاقلاردىن كۆرۈنگەندە كۆك تاغلىرىڭ،
ئاھ ئېسىمگە چۈشۈپ كەتتى گۈل باغلىرىڭ.
باغلىرىڭدا قالغان ئېدى ياشلىق چېغىم،
ئاخشامدىكى ئايلىرىڭنى سېغىندىمغۇ!

تاغلىرىڭدا بۇغا ـ مارال ھەم كىيىكلەر،
چۆللىرىڭدە قارا قۇيرۇق، جۇر ـ ئېلىكلەر.
يايلاقلاردا پادا ـ پادا مال ـ تۇلۇكلەر،
ئويناقشىغان تايلىرىڭنى سېغىندىمغۇ!

كۈندۈزلىرى كۆكتە قۇياش پارلاپ تۇرغان،
كېچىلىرى بۇلۇتتىن ئاي ماراپ تۇرغان.
سەھەرلىگى چولپان يۇلتۇز چاقناپ تۇرغان،
سۈزۈك ئاتقان تاڭلىرىڭنى سېغىندىمغۇ!

مەن ماڭغاندا ئاق يوللارنى تىلەپ قالغان،
بىللە ئۆتكەن كۈنلىرىنى كىنەپ قالغان،
ـ كۆرۈشمىسەك ئامان بول! ـ دەپ ژىغلاپ قالغان،
قەدىردان دوست ـ يارلىرىمنى سېغىندىمغۇ!

ئۇيغۇرستان، سېنى ئويلاپ تۇرالمايمەن،
چۈشلىرىمدە كۆرۈپ ھەرگىز قانالمايمەن.
كۈندە ئويلاپ، كۈندە كۆيۈپ ياتالمايمەن،
جەننەت ئوخشاش جايلىرىڭنى سېغىندىمغۇ!

كۆرەرمەنمۇ، ئىگىز ھەيۋەت تاغلىرىڭنى،
كۆرەرمەنمۇ گۈل ـ گۈلستان باغلىرىڭنى،
كۆرەرمەنمۇ سېنىڭ ئازات چاغلىرىڭنى،
سائادەتلىك ئانلىرىڭنى سېغىندىمغۇ!

ئەي، ۋەتىنىم ـ سېنىڭ ئەركىڭ ئامەت ماڭا،
خورلىغىڭ ـ پۈتمەس قايغۇ ـ ھەسرەت ماڭا.
سېنىڭ ئۈچۈن ئوتقا كىرسەم راھەت ماڭا،
پەرۋانەڭ مەن، شاملىرىڭنى سېغىندىمغۇ!

1987 ـ ژىل.

## سوق ژۇرەك

سوق ژۇرەك، سوققىن ژۇرەك ئوخچۇپ تېپىپ،
ئانا يۇرت مېھرىدىن قۇۋۋەت ئېلىپ.
قىزىغان قىزىل قانلار تەنگە يەتسۇن،
يايرىسۇن جىسمىم مېنىڭ راھەتلىنىپ.
قىزىغان قىزىل قانلار تەنگە يەتسۇن،
نۇر بولۇپ تومۇرلارغا تاراپ كەتسۇن.
تەپتىدىن قەلبىمدىكى مۇزلار ئېرىپ،
ئۈمىتىمنىڭ چېچەكلىرى پورەك ئەتسۇن.
ھاياتىنىڭ لەززىتىگە قېنىۋالاي،
بىر نەپەس نۇرۇم چېچىپ يېنىۋالاي.
بەرگەندىن بەرمىگىنىم كۆپتۇر مېنىڭ،
خەلقىمگە بېرەرىمنى بېرىۋالاي!
ھايات ـ ئۇ، كۆرەش دېمەك، ئىجات دېمەك،
ئىجاتسىز ئۆتكەن ئۆمۈر پۇچەك دېمەك.
خەلقىمنى ئەگەر رازى قىلالىسام،
مەن ئۈچۈن ئەشۇ ئالىي مۇرات دېمەك!

1986 ـ ژىل.

## ئارمان

ھە مانا، ئاتمىشقا يېتىپتۇ يېشىم،
چاچلىرىم ئاقىرىپ، سارغايدى چىشىم.
بىراق، مەن ھاياتتا ياشىشىم كېرەك،
دۇنيادا كۆپ تېخى، قىلىدىغان ئىشىم!

نۇر دېدىم: قاراڭغۇ زۇلمەتكە پاتتىم،
ئەركىنلىك ئىزدىدىم: زىنداندا ياتتىم.
ئۆمۈرنىڭ ئەڭ گۈزەل ياشلىق چاغلىرىنى،
دوزاقنىڭ ئىچىدە، غەمدە ئۇزاتتىم!

ھە، مېنىڭ ياشلىقىم، زىنداندا ئۆتتى،
تۈگىمەس دەرت ـ ئەلەم، پۇغاندا ئۆتتى.
نە ئىجات قىلالماي، نە، يار سۆيەلمەي،
مەنىسىز، بەھرىسىز، ئارماندا ئۆتتى!

زىنداندىن قۇتۇلۇپ، ئېلىپ ئەركىن دەم،
ئەمدىلا ئىجاتقا باسقاندا قەدەم.
ئۆلۈمنىڭ قىلىچى كەسسە ئۆمرۈمنى،
بولماسمۇ شائىرغا ئېتقۇسىز ئەلەم؟!

ھاياتتا كۆپ تېخى ئېچىلمىغان سىر،
ژۇرەكتە كۆپ تېخى يازمىغان شېئىر.
مەن ئاشۇ سىرلارنى ئېچىشىم كېرەك،
مىراسىم قېلىشى كېرەكقۇ ئاخىر!

ۋەتىنىم كۆكىدە ئاتسا يورۇق تاڭ،
ئەۋلادىم كۈلۈشسە، ئەركىن، شات ـ خۇرام.
ئىلىنىڭ بېغىغا قويۇلسا قەۋرەم،
دوستلىرىم، پەقەت شۇ مەندىكى ئارمان!

1988 ـ ژىل، سېنتەبىر.

## ياشلىقنى سېغىنىش

قايرىلىپ قارىسام ئۆمۈر يولۇمغا،
ژىللارنىڭ كەينىدە ياشلىغىم قاپتۇ.
ياشلىقنىڭ باراقسان بوستانلىرىدا،
قىز سۆيگەن ئەشۇ بەگۇاشلىغىم قاپتۇ.

قەلبىمنىڭ تۆرىدە ئۆچمەس نۇر بولۇپ،
تۇرىدۇ، بىرىنچى سۆيگەن مەشۇقەم.
قانماستىن بىر ئالەم مۇھەببەت بىلەن،
تۇنجى رەت يارىمنى سۆيگەن ئاشۇ دەم!

ياشلىغىم، نېمە دېگەن گۈزەل ئىدىڭ سەن،
ياشاتتىم مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ.
ھەم ناخشا ئېيتاتتىم، ھەم ساز چالاتتىم،
قانماتتىم، ژۇرسەممۇ ھەر كۈنى سۆيۈپ!

كۆگۈلدە لىپمۇ ـ لىپ ئىدى ئارزۇلار،
بۈيوككە ئىنتىلىپ قىزغىن ھەۋەستە.
ئېگىلمەس روھ بىلەن پەرۋاز قىلاتتىم،
كۆز يەتمەس چوققىلار قالاتتى پەستە!

ئېھ، ياشلىق، مەن كەتتىم، ژىللارنى ئاتلاپ،
سەن قالدىڭ ژىراقتا، ئاشۇ ژىراقتا.
كۆكلۈمدە بىر ئوتلۇق سېغىنىش قالدى،
خۇش ناۋا كۈيلىرىڭ ياگرار قۇلاقتا.

ئۆمۈرنىڭ غۇيۇلداپ ماگغان يولىدا،
بىر پەسلا كۆرىنىپ غايىپ بولدۇڭ سەن.
ھەم قىززىق ھەم ئازاپ ھىسلىرىڭ بىلەن،
بىر شېرىن چۈش كەبى ئەستە قالدىڭ سەن!

مەن ئاشتىم ئۆمۈرنىڭ داۋانلىرىنى،
چېككەمگە كۈمۈشتەك ئاقلار چېكىلدى.
ئۇ بەگۇاش چاغلىرىم مېنىڭ ئەندى يوق،
ژۈرەكنىڭ ئوتلىرى كۆيۈپ بېسىلدى.

ئېھ، ياشلىق، لاچىندەك قانىتىم بولسا،
قوينۇڭغا ئۇچۇپلا بارسام ئىدىم مەن.
ياشلىقنىڭ سوغۇلماس غەيرىتى بىلەن،
يەنە بىر پەرۋاز قىپ ئالسام ئىدىم مەن!

1988 - ژىل.

## ئىنقىلاپچى شەنگە

بۇ دۇنيادا شۇنداق ئۇلۇق ئادەملەر بار،
ئەڭ ئۇلۇغۋار غايە بىلەن ياشايدىغان.
ئاشۇ گۈزەل زامانلارغا يېتىش ئۈچۈن،
ئايانماستىن، بارلىغىنى ئاتايدىغان!

بۇ دۇنيادا شۇنداق باتۇر ئادەملەر بار،
كۈرەشلەردە چاقماق بولۇپ چاقنايدىغان.
زۇلۇملارغا بويۇن ئەگمەس ھېچۋاقىتتا،
دادىل تۇرۇپ ھەقىقەتنى ياقلايدىغان!

بۇ دۇنيادا شۇنداق ئادىل ئادەملەر بار،
مىللەتنىڭ سائادىتىنى كۆزلەيدىغان.
بېرىلمەستىن شەخسى پايدا مەنپەئەتكە،
توغرا ئىشلەپ، دايىم توغرا سۆزلەيدىغان!

ئاشۇ ئۇلۇق، ئادىل ئىنسان كىم دېسىگىز،
ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى ـ ئىنقىلاپچى.
ئىنقىلاپچى بولغان ئۈچۈن دۇنيا گۈزەل،
كۆكۈللەرنى ئاۋۇندۇرار خوشال ھىسسى!

قەدىرلىسەڭ ئىنقىلاپچىسىن قەدرلەيلى،
كۆكۈلدە يېنىپ تۇرسۇن ئوتلۇق مېھرى.
كۆپىرەك بولسا ئەگەر ئاشۇ جانلار،
بۇ دۇنيا خۇددى جەننەت بولار ئىدى!

1989 - ژىل، يانۋار.

## يېڭى ژىل تىلەكلىرى

خۇش تەبەسسۇم قىلىپ بارچىگە،
كىرىپ كەلدى مانا يېڭى ژىل.
ئىشىك ئېچىپ، داستىخان راسلاپ،
قارشى ئالدۇق، سۆيۈندى بۇ دىل.
تەبرىكلىشىپ يېڭى ژىل بىلەن،
گۈل كۆتىرىپ كەلدى ئادەملەر.
دىل مېھرىدىن ھارارەت ئېلىپ،
قانداق ياخشى، ئۆتكەن بۇ دەملەر؟
ھەر يېڭى ژىل ـ ھاياتقا بىر تاڭ،
ھەر ـ بىر تاڭدا يېڭى بىر ئاھاڭ.
كۈرەش قىلىپ ژىللار قوينىدا،
مەخسەتكە يېتىدۇ ئىنسان!
بۇ يېڭى ژىل ئىنسانىيەتكە،
سائادەتلىك ھايات ئېپ كەلدى.
ئەمگەكچىگە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت،
ئاشىقلارغا مۇرات ئېپ كەلدى.
كەل، يېڭى ژىل، بارلىق ھاياتقا،
گۈللىنىش ۋە كامال ئېلىپ كەل!
خەلقلەرگە بەخت ـ سائادەت،
زالىملارغا زاۋال ئېلىپ كەل!
تېچلىق سۆيەر بىزنىڭ ئېلىمىز،
شۇ تىلەكتە ياشاپ كېلىمىز.
دايىم ئوچۇق بولسۇن ئاسمان،
كۈلۈپ تۇرسۇن كوكتە كۈنىمىز!

# يېڭى يىل ئويلىرى

ھەر يېڭى يىل كەلگىنىدە، ئاق لىباسقا پۈركىنىپ،
قارشى ئالىمەن، ئۆز ئىچىمدىن ئۆكۈنۈپ ھەم خۇش كۈلۈپ.
ئۆ كۆڭلۈمنىم - ئۆمرۈمدىن غازاڭ بولدى بىر باھار،
خۇش كۈلگىنىم - قىلغان ئەجرىم تۇرار كۆزگە كۆرۈنۈپ.
گاھى كۈلۈپ، گاھى يىغلاپ ئۆتىدىكەن ئۆمرىمىز،
ئۆتكەن ئۆمۈر ئارمىنىنى يەپ قالىدىكەن كۆڭلىمىز.
بىر كۈلۈشكە ئەرزىمەسكەن، ئويىنىغىنىڭ، كۈلگىنىڭ،
ئۆز قولۇڭدا بولمىسا، ئازات - گۈلىستان مۈلكىمىز!
ۋەتىنىم ئەركىنى ئىزدەپ، ئۆتتى بار ئۆمرۈم مېنىڭ،
ياشىدىمۇ ئېچىلىپ بىر كۈلمىدى كۆڭلۈم مېنىڭ.
شۈكرىكىم ئەلنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى بولالىدىم،
ناخشا بولۇپ ياڭرايدۇ ئەل قەلبىدە كۈيۈم مېنىڭ!

1989 - يىل، 31 - دېكابىر.

# مەرسىيە

ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغىن، ئەي، ئۇيغۇرىستان،
ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوغلۇڭدىن ئايرىلدىڭ بۈگۈن!
دۇنياغا ئۇيغۇرنىڭ داڭقىنى كۆتەرگەن،
قادىر بىدەك قانىتىڭدىن قايرىلدىڭ بۈگۈن!
ئەي پەلەك، رەھىمسىز قىلىچىڭ بىلەن،
باغرىمىزنى خۇن قىلىپ ئېقىتتىڭ نىچۈن؟!
ئاز بولغاندەك بىزلەرگە كەلگەن دەرت ئەلەم،
مۇسىبەتنىڭ تېغىنى يىقىتتىڭ نىچۈن؟!
زۇنۇن قادىر، دۈشمەنگە ئوت ئىدىڭ، ئەمما
خەلقىڭگە مېھرىۋان، دىلئارام ئىدىڭ.
ياتلارغا خوشامەت قىلمىدىڭ ئەسلا،
ھەقىقىي ئەل ئوغلى بولۇپ ياشىدىڭ!
دىدارىڭنى كۆرەي دەپ كەلسەم ئالدىڭغا،
سەن كېتىپسەن «ئۈزىقغا» كۆزۈڭنى يۇمۇپ!
بۇ ۋاپاسىز دۇنيادىن رەنجىگەنمىدىڭ،
يا، كەتكەنمۇ ياتلاردىن يۈرىكىڭ سوۋۇپ؟
قايسى تەغدىر ئېيىپ كەلدى سېنى بۇياققا،
قايسى زالىم، ئەركسۆيەر قەلبىڭنى بوققان؟
قايسى قىسمەت تۇغۇلغان ۋەتەنىدىن ئايرىپ،
يات يەرلەردە قەۋرەڭنى مۇساپىر قىلغان؟
سېبىت مۇھەممەت چاقىردىمۇ سېنى قېشىغا،
بىلال نازىم غەزىلىنى ئاڭلاي دېدىڭمۇ؟
ئەركسۆيەر ئۇيغۇرنىڭ باتۇر ئوغلانى،
غېنى باتۇرنىڭ ئايغىدا ياتاي دېدىڭمۇ؟
ياق، سېنىڭ قەۋرەڭ ھېچ مۇساپىر ئەمەس،
بۇ زېمىندا ئەجدادلارنىڭ ئۆچمەس ئىزى بار.
ئەلاخاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەردە،
ياتماقلىقىڭنىڭ ئۆزى ھەم ئالىي ئىپتىخار!
ئۆمرۈڭ ئۆتتى تۈگىمەس غەم - تەشۋىش بىلەن،
قەۋرەڭدە تەشۋىشسىز ئارام ئېلىپ يات!
ئۇندا يوقتۇر جىسمىڭنى بوققۇچى كىشەن،
ئۇندا يوقتۇر، قەلبىڭنى مۇجىغان جاللات!
ئەلۋىدا، رازى بول، ئەي، ئېسىل ئىنسان،
مەڭگۈگە ئارام ئېيىپ ياتقىن قەۋرىدە.
جىسمىڭ تۇپراققا كۆمۈلگەن بىلەن،
سېنىڭ نامىڭ ياشايدۇ، ئەلنىڭ قەلبىدە!

1989 - يىل، 28 - سېنتەبىر.

---

# نىزامىدىن ئىنىمغا مەرسىيە

نىزام ئۆلدى! - دېگىنچە، يۇلتۇز كۆچتى دېسەڭچۇ،
سايراپ تۇرغان بۇلبۇلنىڭ ئۈنى ئۆچتى دېسەڭچۇ.
ئۇ سەنئەتنىڭ بېغىدا ئېچىلغان بىر گۈل ئىدى،
ئاشۇ بىر گۈل شېخىدىن سۇنۇپ چۈشتى دېسەڭچۇ!
ئىنىم، سېنىڭ ھاياتىڭ قارا يەرگە كۆچتىمۇ؟
بېشىمىزغا مۇسىبەت كۈلى يەنە چۈشتىمۇ؟
سەن گۈلشەندە سايرىغان خۇش ئاۋاز بۇلبۇل ئىدىڭ،
دۇتتار تارىڭ ئۈزۈلۈپ، خۇش ئاۋازىڭ ئۆچتىمۇ؟
بۇ ھاياتتا ئاز ئىدى، ئىنىم سەندەك ياخشىلار،
نېمە ئۈچۈن شۇم ئەجەل كەلدى ئەشۇ ياخشىغا،
نېمە ئۈچۈن بۇلبۇلنى بوستانىدىن ئايرىدى،
يە، خۇدايىم ئۆزىمۇ ئامراقمىدى ناخشىغا؟!
ئىنىم، تېخى بىز سېنىڭ قەدرىڭگە يېتەرمىز،
دىدارىڭنى سېغىنىپ، ئارمان قىلىپ ئۆتەرمىز.
سېنىڭ مۇڭلۇق ناخشاڭغا قانمىغانغۇ ژۇرەكلەر،
ئوت قاناتلىق ناخشىنى ئەمدى كىمدىن كۈتەرمىز؟
تېخى ناخشاڭ كۆپ ئىدى، خەلقىم ئاڭلاپ باقمىغان،
بۇلبۇل ئىدىڭ باغلاردا ئۇچۇپ قانات قاقمىغان.
سېنىڭ خۇش ئاۋازىڭغا تەشنا ئىدى ژۈرەكلەر،
لەززەت ئېلىپ كۈيىڭدىن كىملەر ئېرىپ ئاقمىغان؟!
تىنچ ياتقىن قەۋرەڭدە، ئەي ۋەتەننىڭ بۇلبۇلى،
ھەمرا بولسۇن يېنىڭدا ساڭا جەننەت ھۆرلىرى.
ئانا ۋەتەن كۆكسىدە جاراڭلىغان كۈيىڭ بار،
سەن ياشايسەن خەلقىڭنىڭ ژۈرىكىدە ئەبەدى!

1990 - يىل، مارت.

## دوستلۇق ھەققىدە

سۆيگەن يارغا ئېيتمىغان جان سىرىنى،
يوشۇرماستىن دوستىمىزغا ئېيتىمىز.
دوست ژىغلىسا، بىزمۇ بىللە ياش تۆكۈپ،
دوست كۈلگەندە بىزمۇ يايراپ كېتىمىز!

پارچە ناننى يېيىشىمىز تەڭ تالىشىپ،
تامچە سۇنى تەڭگە بۆلۈپ ئىچىمىز.
تەڭ بۆلۈشكە بولمىسا گەر بەختنى،
دوستلار ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ كېچىمىز!

پايدا كەلسە، دوستىمىزغا ئۆتىنىپ،
زىيان كەلسە، ئۆزىمىزگە ئالىمىز!
ئەجەل كەلسە، كۆكسىمىزنى قالقان قىلىپ،
ئۆزىمىز ئۆلۈپ، دوستنى ساقلاپ قالىمىز!

مەرت ژىگىتلەر دوستقا سادىق كېلىدۇ،
دوستى ئۈچۈن دوزاققىمۇ كىرىدۇ.
ھېچنېمىنى ئايىمايدۇ دوستىدىن،
چىن ھەقىقى دوستلۇق شۇنداق بولىدۇ!

ئەينە شۇنداق چىن دوستلارنىڭ دىلى بىر،
تېنى باشقا بولغان بىلەن جېنى بىر.
دوستلىرىڭغا شۇنداق سادىق بولدۇڭمۇ؟
دەللىڭ تۇرۇپ ئېيتىپ باققىن قېنى بىر؟!

1990 - ژىل، ماي.

## ئارمان

مەن ئېدىم، ئۇيغۇر ئوغلى سابىت دېگەن،
بەختسىز مىللىتىمنىڭ غېمىن يېگەن.
ئىنتىلدىم، ئارمىنىمغا يېتەلمىدىم،
شۇنچىلىك قىسقا ئېكەن ئۆمۈر دېگەن!
ياش ئېدىم، ئاق باش بوۋاي بولدۇم ئەندى،
گۈل ئېدىم ياشناپ تۇرغان، سولدۇم ئەندى.
سامادا پارلاپ تۇرغان يۇلتۇز ئېدىم،
نۇر كېتىپ، ئاستا - ئاستا سۆندۈم ئەندى.
كۈندە مىڭ خىياللاردا تولغىنىمەن،
بەختىمنى كۆرمەك بولۇپ تەلپۈنىمەن.
ۋەتە نىنىڭ ئازاتلىغىن كۆرەلمەستىن،
ئۆتەرمەنمۇ - دېسەم ئوتتا ئۆرتىنىمەن!
تار ئېكەن، قىسقا ئېكەن ئۆمۈر يولى،
خەتەرگە تولغان ئېكەن ئوڭ ۋە سولى.
خۇشلىغى ئاز، تەشۋىشى كۆپ ھاياتلىقتا،
مۇراتقا يەتمەس ئېكەن ئىنسان - قولى.
ئارمانلار قالدى مېنىڭ ژۈرىگىمدە،
ئوت بولۇپ يانغان ئارزۇ - تىلىگىمدە.
نە قىلاي، ئۆلگەندىكى بەختنى مەن،
قېنىپ بىر كۈلەلمەسەم تىرىگىمدە!
ھەسسىنە، ئەركىن ۋەتەن ئاسمىنىدا،
بۇركۇتتەك يەنە پەرۋاز ئېتەرمىدىم.
ۋاقىراپ ئازات ۋەتەن ناخشىسىنى،
چاقماقتەك يېنىپ بىر بار ئۆچەرمىدىم!

1990 - ژىل.

## مۇقام

مۇقام چالدىم بۇرادەرلەر، مۇقام سازنىڭ پىرىدۇرلەر،
جاھان سەنئىتىنىڭ تاجى - كۈكۈلنىڭ دىلبىرىدۇرلەر.
گۆزەللىك بابىدا دوستلار، ئۇنىڭدەك دىلرابا يوقدۇر،
ئۇلۇق سازەندە ئۇيغۇرنىڭ ياراتقان گەۋھىرىدۇرلەر.
ساتارىم تارىدا ئۆتمۈش ئەسىرلەرنىڭ ساداسى بار،
ئاتالەر قەلبىدىن چىققان، پىغانۇ - مۇڭلىرىدۇرلەر.
مۇقاملارنىڭ ئاتاسى راك، چالاي ئەۋۋەلى مەن راكنى،
مۇقامى چەببايات بىرلەن باياتى ئۇنىڭ خىلىدۇرلەر.
مۇشاۋرەك، پەنجىگا سازى - ئاشىقلار مۇقامىدۇر،
سەنەمگە ئەرزىنى ئېيتقان، غېرىپىنىڭ ئاھلىرىدۇرلەر.
سەبا گۈلشەننى ئىسكەندە، بۇلبۇللار ناۋا ئەيلەر،
نەۋا دىللارنى يايراتقان، مۇھەببەت چەشمىسىدۇرلەر.
پەرۋاز قىلىپ سەيرەتتىم، ئەجەم بىرلەن ئىراقنى،
يۈرەك تارىنى تەۋرەتكەن، ئەجەمنىڭ مەرغۇلىدۇرلەر.
رۇخسارنى سېغىنغاندا، چالۇرمەن سازى رۇخسارنى،
سىگا - يار ۋەسلىگە يەتكەن ئاشىقنىڭ كۈيىدۇرلەر!
ئۇزھال پەدىسى - مىسكىن ھالىمنىڭ بايانىدۇر،
مېنىڭ سازىم - جاپاكەش مىللىتىمنىڭ ئاھلىرىدۇرلەر.
مۇقامدىن مۇڭ توكۇلسە ئۇيغۇرىي ھېچبىر ئەجەپ يوقدۇر،
ساتارىم نالىسى - مىسكىن ئېلىمنىڭ نالىسىدۇرلەر!

1991 - ژىل. ئالمۇتا.

# ئۇيغۇرستان ـ جەننەت ماكان*)

بەخت دېسەڭ ـ بوستانغا بار، تەخت دېسەڭ سۇلتانغا بار،
دىلغا ئارام ئىزدىسەڭ، سەھەر تۇرۇپ، سۇبھانغا بار.
روزى مەخشەرگە بېرىپ، ئىزدىمە جەننەتنى سەن،
ھەقىقىي جەننەت ئىزدىسەڭ ئۇيغۇرستانغا بار.
ئۇيغۇرستان ئەللىرىنىڭ ھەر بىرى بىر مۆجىزات،
ئەندازىنى كۆرگىلى بوغدام بىلەن سايرامغا بار.
بەشكىرەمنىڭ باغلىرى، بېھىش ئېرۇر قۇچاغلىرى،
نېئمىتىنى تېتاي دېسەڭ قەرارغېمەس، قەشقەرغە بار.
قايىسى ھۇردىن كام قالۇر ئەتلەس ئەكىل، خوتەن قىزى،
ھۆرى غىلمان ئىزدىسەڭ خۇلدىغىمەس خوتەنگە بار.
باغ كۇچارنىڭ قىزلىرى، ئالما ـ ئاناردۇر يۈزلىرى،
ۋەسلى جانان ئىزدىسەڭ مەۋاغىمەس كۇچارغا بار.
قايىسى جەننەت نېئمىتىدىن كام ئۇ تۇرپان ئۈزۈمى،
لەززىتىن كۆرەي دېسەڭ نەئىمگىمەس تۇرپانغا بار.
ۋەتىنىمنى باغ دېسەم ـ ئۇرۇمچى ئۇنىڭ راۋىغى،
جانغا راھەت ئىزدىسەڭ، ئۇرۇمچىدەك ئەدنانغا بار.
ئىلىخونىڭ ئالمىسى ـ دەرتلىك ژۇرەكنىڭ دارىسى،
دەرتكە دەرمان ئىزدىسەڭ دارۇسسالام غۇلجامغا بار.
بۈيۈك ئالتاي تاغلىرى، ئالتۇن ـ كۇمۇچدۇر كانلىرى،
دۇررى گۆھەر ئىزدىسەڭ ۋە سىلەتى ئالتايغا بار.
يەر يۈزىدە تەگدىشى يوق مۆجىزە تەكرى تېغىمىز،
جەننىتىل پىردەۋسىنى كۆرەي دېسەڭ بوغدامغا بار.
بۇ جاھاندا بارمىكىن ئۇيغۇر ئېلىدەك قۇت ماكان،
تۇپرىغىن تاۋاپ قىلىپ ئۆتمەك ئۈچۈن مېھمانغا بار.
ئەي، ئۇيغۇرىي يۇرت قەدرىنى سەن كەبى كېملەر بىلۇر،
شۇ ئەزىز ۋەتەننى سۆي، كېرەك دېسە قۇربانغا بار!

*) قەرار، خۇلدى، مەئۋا، ئەدنان، دارۇسسالام ۋەسىلەت،
پىردەۋسى، نەئىم ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېيتقادى بويىچە
8 جەننەتنىڭ ناملىرىدۇر.
1990 ـ ژىل.